# جۇڭگو ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىيات ئىستىقبالى چوقۇم تېخىمۇ پارلاق بولىدۇ

(بېشى 1 - بەتتە)

يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تىرەك بولىدىغان ئىشلەپچىقىرىش ئامىللىرى شارائىتى ئۆزگەرمىدى، ئۇزاق مۇددەت مۇقىملىق ئىچىدە ياخشىلىنىشتەك ئومۇمىي گەۋدە يۈزلىنىشى ئۆزگەرمىدى. كەلگۈسىگە نەزەر سالساق، جۇڭگو ئىقتىسادىنىڭ تەكشى، مۇقىم، ساغلام، ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىياتى يېتەرلىك تىرەك شارائىتىنى ھازىرلىغان. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكى بار، كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ چوڭ ئىشلارنى بېجىرىدىغان سىياسىي ئەۋزەللىك بار، ھەممە بىر نىيەتتە بولۇپ، ئىرادىدىن سېپىل ھاسىل قىلىدىغان مىللىي روھ بار، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتىن بۇيادقى سىجىل، يۇقىرى سۈرئەتلىك تەرەققىياتتا جۇغلانغان مول ماددىي تېخنىكا ئاساسى بار، غايەت زور تەرەققىيات ئېلاستىكلىقى، يوشۇرۇن كۈچى، قالدۇرغان ئىمكانىيىتى بار، مول ماكرولۇق تەڭشەش - تىزگىنلەش تەجرىبىسى ۋە يېتەرلىك سىياسەت بوشلۇقى بار، بىزنىڭ ئالغا ئىلگىرىلەش يولىمىزدىكى تۈرلۈك خەۋپ - خەتەر، خىرىسلارغا تاقابىل تۇرۇپ، ئىقتىسادنىڭ تېزدىن يۇقىرى سۈرئەتلىك تەرەققىيات يولىغا كىرىشىگە تۈرتكە بولۇپ، تېخىمۇ پارلاق تەرەققىيات ئىستىقبالىنى كۈتۈۋېلىشقا شارائىتىمىز، ئىقتىدارىمىز، ئىشەنچىمىز تامامەن بار.

جۇڭگو ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىيات ئىستىقبالى مۇقەررەركى تېخىمۇ پارلاق بولىدۇ، چۈنكى بىز دەۋر تەرەققىياتىنىڭ ئېقىمىدا تەرەققىي قىلىۋاتىمىز. ئەمەلىيەت بىزگە شۇنى بىلدۈردىكى، جۇڭگونىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئېلىپ بېرىشى، دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەت خەلقلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىش، ھەمكارلىشىش، تىنچ تۇرمۇش كەچۈرۈش دەۋر ئېقىمىغا ماسلاشتى. جۇڭگو دۆلەت دەرۋازىسىنى ئېچىۋېتىپ قۇرۇلۇش قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، سىرتقا ئېچىۋېتىشنى ئۈزلۈكسىز كېڭەيتىپ، ئۆزىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپلا قالماي، دۇنياغىمۇ بەخت ياراتتى. جۇڭگو ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىيات مۇۋەپپەقىيەتلىرى ئېچىۋېتىلگەن شارائىتتا قولغا كەلتۈرۈلگەن، كەلگۈسى ئىقتىسادىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىمۇ جەزمەن تېخىمۇ ئېچىۋېتىلگەن شارائىتتا ئېلىپ بېرىلىدۇ. جۇڭگونىڭ ئېچىۋېتىلگەن دەرۋازىسى تاقىلىپ قالمايدۇ، پەقەت بارغانسېرى كەڭ ئېچىۋېتىلىدۇ. رەئىس شى جىنپىڭ جاكارلىغاندەك: «بىز سىرتقا ئېچىۋېتىش تۈپ دۆلەت سىياسىتىدە چىڭ تۇرۇپ، ئېچىۋېتىش ئارقىلىق ئىسلاھاتنى ئىلگىرى سۈرۈش، تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش، يېڭىلىق يارىتىشنى ئىلگىرى سۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، تېخىمۇ يۇقىرى سەۋىيەلىك سىرتقا ئېچىۋېتىشنى سىجىل ئالغا سىلجىتىمىز» «جۇڭگو كەڭ قۇچاق ئېچىپ، ھەرقايسى دۆلەتلەرنى تېخىمۇ كۆپ بازار پۇرسىتى، مەبلەغ سېلىش پۇرسىتى، ئېشىش پۇرسىتى بىلەن تەمىنلەپ، ئورتاق تەرەققىياتنى ئىشقا ئاشۇرىدۇ.» كەلگۈسىگە يۈزلەنگەندە، جۇڭگونىڭ تېخىمۇ يۇقىرى سەۋىيەلىك ئېچىۋېتىشكە تۈرتكە بولۇش قەدىمى توختاپ قالمايدۇ، باشتىن - ئاخىر يەر شارىۋى ئورتاق ئېچىۋېتىشتىكى مۇھىم تۈرتكە بولغۇچى بولۇپ، ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق ئىقتىسادنىڭ يەر شارىۋىلىشىشىغا تۈرتكە بولۇپ، دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەت خەلقلىرىگە بەخت يارىتىدۇ.

تىرىشچانلارغا ھەممەت ئاتا قىلىش تەبىئەتنىڭ قانۇنىيىتى، ئەمەلىي ئىشلەش دۆلەتنى گۈللەندۈرىدۇ. كەلگۈسىگە يۈزلەنگەندە، جۇڭگو يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، يېڭىلىق يارىتىش ئارقىلىق تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇش ئىستراتېگىيەسىنى داۋاملىق يولغا قويۇپ، يېڭى ھەرىكەت ئېنېرگىيەسىنى زور كۈچ بىلەن يېتىلدۈرۈپ ۋە زورايتىپ، ئۇسۇلنى ئۆزگەرتىش، قۇرۇلمىنى تەڭشەش، ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچنى ئاشۇرۇشقا ئۈزلۈكسىز تۈرتكە بولۇپ، ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇپ، دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ ئېشىشىغا يېڭى، تېخىمۇ كۆپ پۇرسەت ئېلىپ كېلىپ، دۇنيانىڭ ئورتاق گۈللىنىشى ئۈچۈن يېڭى، تېخىمۇ زور تۆھپە قوشىدۇ.

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 11 - ئاينىڭ 9 - كۈنى تېلېگراممىسى)**

# چوڭقۇر مېھىر - مۇھەببەت

## —— يولداش شى جىنپىڭ ۋە ئاخبارات ئاممىۋى پىكىر خىزمىتى

(بېشى 3 - بەتتە)

يولداش شى جىنپىڭ مۇنداق دېگەنىدى: «ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ياخشى ئاخبارات ئەسەرلىرىنى يېزىش بىلەن ئەمەلىيەتكە چوڭقۇر چۆكۈپ پاكىتنى ئىگىلەشنىڭ مۇناسىۋىتى قۇشنىڭ قانىتى بىلەن ھاۋانىڭ مۇناسىۋىتىگە ئوخشاش ناھايىتى مۇھىم. قۇشنىڭ قانىتى ھەرقانچە مۇكەممەل بولسىمۇ، ئەگەر ھاۋانىڭ تىرەپ تۇرۇشىغا تايانمىسا ئۇچالمايدۇ. ئەمەلىيەت مۇخبىرنىڭ ھاۋاسى، ئەمەلىيەتكە چوڭقۇر چۆكۈپ، پاكىتنى ئىگىلىمىسە، مۇخبىر مەڭگۈ پەرۋاز قىلالمايدۇ».

ئەمەلىيەتكە چوڭقۇر چۆكۈش، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش، يولداش شى جىنپىڭ مۇشۇنداق تەلەپ قىلىپلا قالماي، تېخىمۇ مۇھىمى، ئۆزىنىڭ ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق ئاخبارات خىزمەتچىلىرىگە ئۈلگە بولدى.

جېڭدىڭدا، يولداش شى جىنپىڭ دائىم ناھىيەدىكى بىردىنبىر جىپ ماشىنىنى پېشقەدەم كادىرلارنىڭ ئىشلىتىشىگە قالدۇرۇپ، ئۆزى ۋېلسىپىت مىنىپ ئوتتۇرا خېبېي تۈزلەڭلىكىنى كەزدى، 1000دىن ئارتۇق كېچە - كۈندۈزدە ئۇنىڭ ئاياغ ئىزلىرى جېڭدىڭ ناھىيەسىدىكى 25 گۇڭشې، 221 داۋۇينى قاپلىدى.

1998 - يىلى 4 - ئاينىڭ 24 - كۈنى، ئەينى ۋاقىتتا فۇجيەن ئۆلكىلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەۋاتقان شى جىنپىڭ يەنە بىر قېتىم نىڭدېغا قايتىپ كەلدى. ئىلگىرى نىڭدې ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى بولغان مەزگىلدە، ئۇ ئاتا - بوۋىسىدىن تارتىپ دېڭىز بويىدا ياشاپ كەلگەن بېلىقچىلارغا كۆڭۈل بۆلگەنىدى. بۇ بېلىقچىلار بېلىق تۇتۇشقا تايىنىپ تۇرمۇشىنى قامدايتتى، قىرغاقتا بىر سوڭمۇ يېرى يوق ئىدى، ئائىلىدىكى چوڭ - كىچىك، نەۋرىلەر بولۇپ نەچچە ئەۋلاد كىشى «چاتما كېمىلىك ئۆي»دىكى تار كېمە بۆلمىسىدە تۇرمۇش كەچۈرەتتى. يولداش شى جىنپىڭ ئۆلكىگە دوكلات يېزىپ، چاتما كېمىلىك ئۆيدە ئولتۇرىدىغان كېمىچىلەرنىڭ نامراتلىق مەسىلىسىنى تەلتۆكۈس ھەل قىلىشنى ئۈمىد قىلدى. 1997 - يىلى، ئۆلكە مالىيەسى مەخسۇس پۇل ئاجرىتىپ، قىرغاقتا چاتما كېمىلىك ئۆيدە ئولتۇرىدىغان كېمىچىلەرگە يېڭىدىن تۇرالغۇ سېلىپ بېرىپ، ئەۋلادمۇئەۋلاد كېمىدە ياشاپ كەلگەن بېلىقچىلارنىڭ قىرغاققا چىقىش ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇردى.

بۇ قېتىم نىڭدېغا كەلگەندە، يولداش شى جىنپىڭ بېلىقچىلارنىڭ ئۆيىنىڭ پۈتكەن - پۈتمىگەنلىكىنى، چاتما كېمىلىك ئۆيدە ئولتۇرىدىغان كېمىچىلەرنىڭ قىرغاققا چىققان - چىقمىغانلىقىنى مەخسۇس كېلىپ كۆردى، نىڭدېدىكى چاتما كېمىلىك ئۆيدە ئولتۇرىدىغان كېمىچىلەر ئاساسلىقى شياپۇ ناھىيەسىنىڭ يەنتيەن يېزىسىغا مەركەزلەشكەنىدى، يولداش شى جىنپىڭ «شەرقىي فۇجيەن گېزىتى»نىڭ باش مۇھەررىرى ۋاڭ شاۋجۇنى چاقىرىپ، بىر نەچچەيلەن ئاددىي، يېنىك جابدۇنۇپ بىللە سەپەرگە ئاتلاندى.

يولداش شى جىنپىڭ بىلەن ۋاڭ شاۋجۇ يەنتيەنگە كەلگەندە، قىرغاقتا يېڭىدىن سېلىنغان رەتلىك ئۆيلەرنى كۆردى، ئەمما ئۆيدە بىرمۇ ئادەم يوق ئىدى، كېمىچىلەر يەنىلا ئۆز كېمىسى بۆلمىسىدە تۇراتتى. «كېمىچىلەر نېمە ئۈچۈن قىرغاققا چىقمايدۇ؟» يولداش شى جىنپىڭ چۈشىنەلمەي سورىدى. ۋاڭ شاۋجۇ مۇنداق دېدى: «كېمىگە كىرىش ئاسان ئەمەس، مەن كىرىپ سىزگە ۋاكالىتەن سوراپ باقاي ياكى كېمە ئىگىسىنى قىرغاققا چىقىپ چۈشەندۈرۈشكە تەكلىپ قىلاي.» يولداش شى جىنپىڭ كۈلۈپ تۇرۇپ: «يەنىلا ئۆزۈم قىلاي» دېدى.

چاتما كېمىلىك ئۆينىڭ بۆلمىسى پاكار بولۇپ، ئېگىز بويلۇق يولداش شى جىنپىڭ ئىككى قولىغا تايىنىپ ئېڭىشىپ كېمىگە ئاران كىردى. كېمە ئىگىسى بىرىسىنىڭ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ، سودا كەلدى دەپ ئويلاپ، ناھايىتى خۇشال بولۇپ كەتتى. يولداش شى جىنپىڭنىڭ كېلىش مۇددىئاسىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، كېمە ئىگىسى ئۇھ تارتىپ: «قىرغاقتىكى ئۆيلەرغۇ چىرايلىق ئىكەن، لېكىن بىز قىرغاققا چىقىۋالساق، قەيەردە كۆكتات تېرىيمىز، چوشقىنى قەيەردە باقىمىز؟» دېدى.

«نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتىدە چوقۇم ئەمەلىي بولۇپ، چاتما كېمىلىك ئۆيدە ئولتۇرىدىغان بېلىقچىلارنىڭ ئۆزىنىمۇ، كۆڭلىنىمۇ قىرغاققا ئېلىپ چىقىش كېرەك.» كېمە ئىگىسىنىڭ يېنىدىن چىقىپ، يولداش شى جىنپىڭ چوڭقۇر خورسىندى. بەش ئايدىن كېيىن، شى جىنپىڭ فۇئەندە پۈتۈن ئۆلكە بويىچە نەق مەيدان يىغىنىنى رىياسەتچىلىك قىلىپ ئېچىپ، چاتما كېمىلىك ئۆيدە ئولتۇرىدىغان بېلىقچىلارنىڭ قىرغاققا چىققاندىن كېيىنكى غەم - ئەندىشىسىنى تەلتۆكۈس ھەل قىلدى، چاتما كېمىلىك ئۆيدە ئولتۇرىدىغان 23 مىڭدىن كۆپرەك بېلىقچى ھەقىقىي تۈردە قىرغاققا چىقتى، پۈتۈن ئۆلكە بويىچە ئەڭ نامراتلار توپىنىڭ تۇرمۇشىدىكى قىيىن مەسىلىلەر ھەل قىلىندى.

«ئەمەلدار بولغۇچى خەلقنىڭ دەردىنى بىلىشى كېرەك.» خەلقنىڭ ئىشى يولداش شى جىنپىڭنىڭ قەلبىدە ئەڭ چوڭ ئىش. مەيلى نەگىلا بارسۇن، قانداق خىزمەت ئورنىدا بولسۇن، يولداش شى جىنپىڭ پۇقرالارنىڭ ھال - ئەھۋالىنى مەڭگۈ كۆڭلىگە پۈكتى.

نىڭدېدىن ئايرىلىپ خېلى ئۇزاق مەزگىلگىچە، يولداش شى جىنپىڭ «شەرقىي فۇجيەن گېزىتى»نى ئىزچىل ئوقۇپ، ئاممىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش ئەھۋالىغا دىققەت قىلدى. 2000 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا، بۇ گېزىتنىڭ مۇخبىرى چېچەن بازىرى لىيەنفېڭ 3 - كەنتىدىكى ئاممىنىڭ تۇرمۇش قىيىنچىلىقىنى، قاتناش قولايسىزلىقىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ئىچكى خەۋەرنى زىيارەت قىلىپ يازدى. يولداش شى جىنپىڭ بۇنى كۆرگەندىن كېيىن تەستىق سېلىپ، نىڭدې شەھەرلىك پارتكوم، نامراتلارنى يۆلەش ئىشخانىسى، كونا رايون ئىشخانىسىدىن ئەھۋالنى ئېنىقلاپ، «ھەقىقىي تەدبىر قوللىنىپ يۆلەش»نى تەلەپ قىلدى. ئارقىدىن ھۆكۈمەت 1 مىليون يۈەندىن كۆپرەك مەبلەغ سېلىپ لىيەنفېڭ 3 - كەنتىنىڭ سىرتقا تۇتىشىدىغان تاش يولىنى ياساپ، شۇ جايدىكى ئاممىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇشىغا زور قولايلىق ياراتتى.

يولداش شى جىنپىڭ مۇنداق دېدى: «مەن ئۆزۈمنى ئۇنتۇغان ھالدا ئىشلەپ، خەلقنىڭ ئۈمىدىنى يەردە قويمايمەن».

چوڭقۇر مېھىر - مۇھەببەتلىك زېمىن ئوغلانى!

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 11 - ئاينىڭ 9 - كۈنى تېلېگراممىسى)**

---

(بېشى 1 - بەتتە)

ياچېيكىنى لېنگە قۇرۇپ، قاتتىق سىناقلارغا بەرداشلىق بېرەلەيدىغان جەڭگىۋار قورغان بەرپا قىلدى؛ كۈچنى ئەسكەرلەرنى چېنىقتۇرۇپ ئۇرۇشقا تەييارلىق قىلىشقا مەركەزلەشتۈرۈپ، جەڭدە غەلىبە قىلالايدىغان ئۆتكۈر قىلىچ، تۆمۈر مۇشتنى تاۋلاپ چىقتى؛ ئىچكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچنى قوزغىتىپ، جاسارەت بىلەن نەتىجە يارىتىدىغان بۇرچنى زىممىگە ئېلىشنى يەنىمۇ كۈچەيتتى؛ قانۇنچىللىقنى قاتتىق يولغا قويۇشتا چىڭ تۇرۇپ، قانۇن - پەرمانلارنى تاغدەك مۇستەھكەم پولاتتەك قوشۇن بەرپا قىلدى. پۈتۈن ئارمىيەنىڭ ئاساسىي قاتلام قىسىملىرىدا ئومۇمىيۈزلۈك ھەم چوڭقۇر ئۆزگىرىش بولۇپ، پارتىيەنىڭ قوماندانلىقىغا بويسۇنۇشنىڭ ئىدىيەۋى - سىياسىي ئاساسى تېخىمۇ مۇستەھكەملەندى، ئەسكەرلەرنى چېنىقتۇرۇپ ئۇرۇشقا تەييارلىق قىلىش يۆنىلىشى تېخىمۇ روشەنلەشتى، ئوچۇق - يورۇق، ئىناق كەيپىيات تېخىمۇ ساپلاشتى، كەڭ ئاساسىي قاتلامدىكى كوماندىر - جەڭچىلەر بۇرچنى زىممىسىگە ئېلىپ جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەپ، يېڭى دەۋردىكى ئارمىيەنى قۇدرەت تاپقۇزۇش ئىشلىرىغا پۇختا ئاساس سالدى.

ئاساسىي قاتلام گۈللەنسە، ئارمىيەنىڭ ھاياتىي كۈچى ئۇرغۇيدۇ؛ ئاساسىي قاتلام مۇقىم بولسا، ئارمىيە ئۇيۇلتاشتەك مۇستەھكەم بولىدۇ. يېڭى ۋەزىيەت، ۋەزىپىلەر ئالدىدا، ئاساسىي قاتلامنى تۇتۇپ ئۇلنى مۇستەھكەملەپ، تېخىمۇ كۆڭۈلنى توختىتىپ كەمتەر بولۇشقا توغرا كېلىدۇ، يېڭى، تېخىمۇ يۇقىرى باشلىنىش نۇقتىسىدا تۇرۇپ، ئاساسىي قاتلام قۇرۇلۇشىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇپ، پارتىيەنىڭ يېڭى دەۋردىكى ئارمىيەنى قۇدرەت تاپقۇزۇش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش، دۇنيادا ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان ئارمىيەنى ئومۇميۈزلۈك قۇرۇپ چىقىشقا قاراپ جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەش كېرەك.

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 11 - ئاينىڭ 9 - كۈنى تېلېگراممىسىغا ئاساسلانغان)**

---

**مەركەز «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئىشخانىسى ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ**

# پارتىيە ئەزالىرى - كادىرلارنى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش چوڭ تىپتىكى مۇۋەپپەقىيەتلەر كۆرگەزمىسى ھەم تور كۆرگەزمىخانىسىنى ئېكسكۇرسىيە قىلىشقا تەشكىللەشنى تەلەپ قىلدى

(بېشى 1 - بەتتە)

ئۇقتۇرۇشتا مۇنۇلار تەلەپ قىلىندى: بېيجىڭ شەھىرى ۋە بېيجىڭدىكى مەركەزنىڭ دۆلەت ئورگانلىرى، كارخانا، كەسپىي ئورۇنلىرى قاتارلىقلاردىكى پارتىيە تەشكىلاتلىرى پارتىيە ئەزالىرى - كادىرلارنى بېيجىڭ كۆرگەزمىخانىسىنى نەق مەيدانغا بېرىپ ئېكسكۇرسىيە قىلىشقا تەشكىللىسە بولىدۇ، بېيجىڭ سىرتىدىكى باشقا پارتىيە تەشكىلاتلىرى پارتىيە ياچېيكىلىرىنى بىرلىك قىلىپ، پارتىيە ئەزالىرى - كادىرلارنى تور كۆرگەزمىخانىسىنى ئېكسكۇرسىيە قىلىشقا مەركەزلىك تەشكىللىسە ھەمدە سۆھبەتلىشىش، پىكىر ئالماشتۇرۇش، ھەمتۈرتكە بولۇش، تەڭ بەھرىمەن بولۇش قاتارلىق كۆپ خىل شەكىللەر ئارقىلىق ئۆگىنىش - تەربىيە ئۈنۈمىنى چوڭقۇرلاشتۇرسا بولىدۇ.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش چوڭ تىپتىكى مۇۋەپپەقىيەتلەر كۆرگەزمىسى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئالاقىدار تەرەپلەرنى تەشكىللەپ ئۆتكۈزگەن «ئۇلۇغ مۇساپە شانلىق مۇۋەپپەقىيەتلەر ــــ جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش چوڭ تىپتىكى مۇۋەپپەقىيەتلەر كۆرگەزمىسى» 9 - ئاينىڭ 23 - كۈنى بېيجىڭ كۆرگەزمىخانىسىدا باشلاندى، تور كۆرگەزمىخانىسى (guoqing70.cctv.com) 9 - ئاينىڭ 29 - كۈنى ئېلان قىلىنىپ تورغا چىقىرىلدى.

# تارباغاتاي ۋىلايىتى دەل جايىدا كۈچەپ، ساياھەتچىلىك تەرەققىياتىدىكى بوغما ھالەتنى بۇزۇپ تاشلىدى

(بېشى 1 - بەتتە)

ئارشاڭ مەنزىرە رايونى ساۋەن ناھىيەسى بازىرىنىڭ جەنۇبىغا 60 كىلومېتىر كېلىدۇ. ئارشاڭ مەنزىرە رايونى مۇلازىمەت رايونىدىن ئىستىراھەت رايونىغىچە بولغان يەتتە كىلومېتىر يول ئۇزاق يىللاردىن بۇيان رېمونت قىلىنماي كەلگەچكە، يول يۈزلىرى ئوڭغۇل - دوڭغۇل، بەلگە تاختىسى يوق، مۇداپىئە ئەسلىھەلىرى يېتەرلىك ئەمەس، قىسمەن يول يۈزى گۆمۈرۈلۈپ چۈشۈش ئەھۋالى ئېغىر بولۇپ، ساۋەن ناھىيەسىنىڭ ساياھەتچىلىك كەسپىنىڭ تەرەققىياتىنى چەكلەپ تۇرۇۋاتقان بوغما ھالەت بولۇپ قالغانىدى.

تارباغاتاي ۋىلايىتى دەل جايىدا كۈچەپ، بوغما ھالەتنى بۇزۇپ تاشلاپ، ئارشاڭ مەنزىرە رايونى مۇلازىمەت رايونىدىن ئىستىراھەت رايونىغىچە بولغان يولنى رېمونت قىلىشنى تېزلىتىش ئىرادىسىگە كەلدى، 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى بۇ يولدا قاتناش ئوڭۇشلۇق باشلاندى. دۆلەت بايرىمى مەزگىلىدە، كۈنىگە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 2000 ئادەم قېتىمدىن ئارتۇق ساياھەتچىنى كۈتۈۋالدى. مەنزىرە رايونىنىڭ ئاممىۋى مۇلازىمەت ئەسلىھەلىرىنى زور كۈچ بىلەن مۇكەممەللەشتۈرۈپ، مەنزىرە رايونىدا خەۋەرلىشىش ئاساسىي پونكىتى، ئاپتوموبىل توختىتىش مەيدانى قاتارلىقلارنى يېڭىدىن قۇرۇپ، ساياھەتچىلەرنىڭ راھەت ھېس قىلىش دەرىجىسى، رازى بولۇش دەرىجىسىنى زور نىسبەتتە ئۆستۈردى.

ئۆگىنىش بىلەن ئىشلەشنى بىرلەشتۈردى، تەكشۈرۈش بىلەن تۈزىتىشنى تۇتاشتۇردى. باش تېما تەربىيەسىدە تارباغاتاي ۋىلايىتى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ دۆربىلجىن ناھىيەسى ياۋا مېۋىلىك ئورمان مەنزىرە رايونى، شىخۇ فوشەن دۆلەتلىك ئورمان باغچىسى، ساۋەن ئارشاڭ مەنزىرە رايونى، لۇجياۋەن قاتارلىق داڭلىق مەنزىرە رايونلىرىنىڭ ئۇل ئەسلىھە ۋە مۇلازىمەت يانداش ئەسلىھەلىرى ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، رەتكە تۇرغۇزۇپ، بايقالغان مەسىلىلەرنى بىلگەن ھامان تۈزەتتى، دەرھال ھەرىكەتلىنىپ دەرھال تۈزەتتى.

دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ پۇقراۋى قونالغۇنى تەرەققىي قىلدۇرۇش شەكلى يەككە بولۇش، كىرىمنى ئاشۇرۇش يوللىرىنى تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا كېڭەيتىش يەنىمۇ زۆرۈر بولۇش قاتارلىق مەسىلىلەرگە قارىتا، تارباغاتاي ۋىلايىتى «ساياھەتچىلىك + يېزا - كەنت كەسپلىرى» ئەندىزىسى ئۈستىدە ئىزدىنىپ، دېھقان - چارۋىچىلارنى خاس يېمەك - ئىچمەك، يېزا - كەنت ساياھىتى، تەسرات ساياھىتى قاتارلىقلارنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا يېتەكلەپ، ساياھەتچىلىك پۇقراۋى قونالغۇسىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى ئالغا سىلجىتتى. نۆۋەتتە، تارباغاتاي ۋىلايىتىدە تەرەققىي قىلدۇرۇلغان ساياھەتچىلىك پۇقراۋى قونالغۇسى 850كە، كارىۋات 3867گە يەتتى.

چارۋىچىلارنىڭ تامىقنى يېيىش، پۇقراۋى قونالغۇلاردا قونۇش، چارۋىچىلار تۇرمۇشى تەسىراتىغا ئىگە بولۇش... تولى ناھىيەسى S318 ئۆلكە يولىدىكى ساياھەتچىلىك مەنزىرە نۇقتىسىنى تايانچ قىلىپ، كۆپ يېزىسىدا قازاقلارنىڭ پۇقراۋى قونالغۇ ئۆرپ - ئادىتى بويىچە ئۆزى ئاپتوموبىل ھەيدەپ ساياھەت قىلىش بازىسى قۇرۇپ، خاسلىققا ئىگە پۇقراۋى قونالغۇ بەرپا قىلىپ، نۇرغۇن ساياھەتچىنى جەلپ قىلدى، يەنە ئەتراپتىكى چارۋىچىلارنى «ساياھەت تامقى»نى يېيىشكە يېتەكلىدى.

بۇ بازىنىڭ مەسئۇلى جوۋ جيەنشىن مۇنداق دېدى: «يېزا - كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش + ئۆزى ئاپتوموبىل ھەيدەپ ساياھەت قىلىش + خاس پۇقراۋى قونالغۇ، بۇ بىزنىڭ يارقىن نام كارتىمىزغا ئايلاندى، بۇ گۈزەل يېزا - كەنتلەرگە تۇتىشىدىغان يول بولۇپلا قالماي، شۇنداقلا دېھقان - چارۋىچى ئاممىنىڭ كىرىمنى ئاشۇرىدىغان بېيىش يولى».

تارباغاتاي ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت، تەنتەربىيە، رادىيو - تېلېۋىزىيە ۋە ساياھەت ئىدارىسى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئىدارە باشلىقى چەي خۇڭخۇا مۇنداق دېدى: باش تېما تەربىيەسىدە، جەمئىي 57 مەسىلە رەتلەندى، بۇنىڭ ئىچىدە بىر تەرەپتىن ئۆگىنىپ، بىر تەرەپتىن تۈزىتىلگەن مەسىلە 23. كېيىنكى قەدەمدە ساياھەتچىلىك پۇقراۋى قونالغۇسى بىلەن نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش، يېزا - كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈشنى زىچ بىرلەشتۈرۈپ، يېمەك - ئىچمەك، تۇرالغۇ، باقمىچىلىق، ساياھەتچىلىك، سېتىۋېلىش، كۆڭۈل ئېچىش ساياھەتچىلىك مەھسۇلاتلىرىنى تېز بەرپا قىلىپ، ساياھەتچىلىك كەسپ زەنجىرىنى ئۇزارتىپ، «ماي بوياق رەسىمدەك تارباغاتاي» ساياھەتچىلىك سۈپەتلىك ماركىسىنى يارىتىمىز.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 - نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)